## 20872 ـ بالىنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا

### سۇئال

ئانامنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى دەرىجىدىن تاشقىرى بەك ناچار، شۇ سەۋەبتىنمىكى مەن ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىمنى يوقۇتۇپ قويدۇم، مەن دائىم ئىككىلىنىپ تۇرىدىغان، ئىشلارنى ياخشى قىلالمايدىغان، بىرەر ئىشتا قارار قىلىشنىمۇ بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم، توي قىلدىم، ئاللاھ تائالا بىر قىز پەرزەنت ئاتا قىلدى، مەن بىشىمدىن ئۆتكەن بۇ دەرتلىك تەجرىبىلەرنىڭ قىزىمدا يەنە تەكرارلانماسلىقى ئۈچۈن ئۆزۈمدە پەيدا بولغان بۇ ئىشلاردىن يىراق بولۇشنى خالايمەن، مەن نىمە قىلىشىم كىرەك؟. بۇ ھەقتە يول كۆرسىتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بوۋاق ئىككىنچى ياشقا قەدەم قويغاندا، ئۆز يۆلىنىشىنى قۇرۇپ چىقىشنى ئەتراپىدىكى ئالەمدىن باشلايدۇ، پىسخولوگىيە ئالىملىرى ئۇ يۆلىنىشنىڭ ئەۋۋىلى ئىشەنچنى ھىس قىلىش دەپ قارايدۇ، بۇ تۇيغۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈك بولىشى بالىغا بولغان كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئاتا-ئانىنىڭ ئۇ پەرزەنتنىڭ ئاساسلىق ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىشىغا كۆرە ئىككى ياشنى تولۇقلىغاندا توختايدۇ. بۇ باسقۇچتا بالىنىڭ ئۆسۈپ يىتىلىشى ۋە ئىقتىدارى مۇستەقىللىككە يۈزلەنگەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ، ئۇ ئەركىن سۆز قىلىش، مىڭىش ۋە ئويناشقا ئىھتىياجلىق بولىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ ئىھتىياجى بىلەن باغلانغان بولۇپ، ئۇنىڭغا پەقەت ئۆزىدە بار بولغان مۇستەقىللىق بىلەنلا ئىرىشكىلى بولىدۇ، بۇنى پىشىپ يىتىلىش ئارقىلىق بولغان ئۆسۈپ يىتىلىش نەزىرىيىسى ئىسپاتلايدۇ. بۇ، بالىنىڭ خاسلىقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى تەبىئىي ئۆسۈپ يىتىلىشكە چاقىرىدۇ. بەزى قىزلار ئۆزگە ئىشەنچ قىلالمايدۇ، ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ھىچ ئىشتا ئۆزگە تايانمايدۇ، بىر ئىشنى ئۆزىنىڭ باشلىشى بەك ئاز، دائىم باشقىلارنىڭ: ئۇنداق قىلىڭ، مۇنداق قىلىڭ دىيىشىنى كۈتىدۇ، قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلسە قارار ئىلىشقا پىتىنالماي توختاپ قالىدۇ، قىيىنچىلىقتا دۈچ كىلىشتىن قاچىدۇ، قىلمىشىغا قاراپ بەزى ۋاقىتتا يىغلاپ كىتىدۇ، بۇ ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتىگە قىلغان جىنايەت تەرىپى ھىسابلىنىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

چوڭ-كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە بۇيرۇش ۋە چەكلەشنى كۆپ قىلىش ۋە ھەتتا بۇيرۇشقا لايىق بولمايدىغان ئىشلارغىمۇ بۇيرۇش بالىنىڭ ئىجاتچانلىقىنى يوق قىلىپ، بالىنى ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا ئىشەنچ قىلالمايدىغان، بەلكى دائىم باشقىلارنىڭ توغرىلاپ بىرىشىنى، قىلغان ئىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە باشقىلارنىڭ ئىشەنچ بىرىشىنى كۈتىدىغان قىلىپ قويىدۇ.

ـ قىلغان ھەر بىر ئىشىغا تاپا ـ تەنە قىلىش، تەنقىت قىلىش، كىچىككىنە كەمچىلىكىنى سۈرۈشتۈرۈش، تەنبىھ بېرىش قاتارلىقلار، بەزى ۋاقىتتا بالا تىرىشچانلىق قىلىش جەريانىدا خاتالىشىدۇ، بۇ ۋاقىتتا بالا، ئۆزىنى خىزمەت قىلىش، ئىجاد قىلىش، ئۇتۇق قازىنىش، مۇسابىقىلىشىشكە يۈزلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان تىرىشچانلىققا ئاساسەن توغرا يولغا يېتەكلەشنى كۈتنۋاتقاندا كۈتكىنىدىن بەكرەك تاپا ـ تەنە، ئەيىبلەشكە ئۇچرايدۇ.

ـ بالىنى خاتا كېتەمدىكىن ياكى باشقىلار قىزىقمايدىغان تېمىلاردا سۆزلەپ كېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ ئالدىدا سۆزلەش پۇرسىتى بەرمەسلىك ياكى پۇرسەت بەرسىمۇ ئېيتىپ بەرگەن سۆزنىلا سۆزلەشكە بۇيرۇش.

ـ بالىنى دائىم خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇنى دائىم يامانلىق يۈز بېرىدۇ دەپ ئويلايدىغان قىلىش، پۈتۈن ئەتراپىنى خەتەر قورشاپ تۇرغاندەك تەسەۋۋۇرنى پەيدا قىلىش.

ـ باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ تۆۋەن كۆرۈش، ئېتىبارىنى چۈشۈرۈش.

ـ مەسخىرە قىلىپ، زاڭلىق قىلىش.

ـ ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان سۇئاللىرىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك.

ـ سالامەتلىكى ياكى كېلەچىكى ئۈچۈن بەك قورقىدىغانلىقىنى نامايەندە قىلىشنى زىيادە قىلىۋېتىش.

ـ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقاتقان بالىدا بىر قانچە تۈرلۈك يامان ئادەتنىڭ تەسىرى نامايەندە بولىدۇ:

1–ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئىش قىلىشقا قادىر بولالماسلىق، ئۇنىڭدىن بىر نەرسە ئەكىلىش تەلەپ قىلىنسا، ئۇنىڭغا سۈپەتلەپ بەرگەنگە ئوخشىمايدىغان نەرسىنى تاپىدۇ، شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالىدۇ، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا كەسكىن قارار قىلالمايدۇ.

2–ئېچىلالمايدۇ، بىر نەرسە ئىجاد قىلالمايدۇ.

3–بۇيرۇلغان ھەر قانداق بىر ئىشتا سىقىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇ قىلغان ئىشىغا مالامەت قىلىنىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىشنىڭ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىدەك ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

4–ئىرادىسى ئاجىز، كەسكىنلىكى بوش بولىدۇ، پىرىنسىپى ناچار، خىزمەتكە سەل قارايدىغان ئۆزىگە لايىق بولمىغان ئورۇنلاردا تۇرىدۇ.

5–ئىككىلىنىش، چۈشكۈنلۈك، دۈشمەنلەرچە توقۇنۇش، قاتلىنىشقا ۋە يالغۇزلۇققا يۈزلىنىدۇ.

بالىنى بۇ ناچار ئىشلاردىن يىراق قىلىش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇشتا بىر قانچە يۆلىنىشكە

ئەگىشىشى كېرەك، ئۇنىڭدىن مىسال تەرىقىسىدە بىر قانچىنى بايان قىلىمىز:

ـ ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان ۋە ئۇنىڭ دائىرىسىدە مېڭىشى كېرەك بولغان ئومۇمى كۆرسەتمىلەرنى سىزىپ بېرىش، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالا ھالال قىلغاننى ئېلىش، ھارام قىلغانلىرىدىن ھەزەر قىلىشنى بىلدۈرۈش كېرەك، يۈكسەك ئەدەپ، گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگىتىش، كۆڭلىدە ناچار ئەخلاق، يامان سۆز ـ ھەرىكەتلەرگە قارىتا نەپرەت پەيدا قىلىش، پەسكەش ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان قىلىش، بۇنى تولۇقلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئەركىن ئىجادىيەتكە قويۇۋېتىش كېرەك.

ـ ئانا قىزىنىڭ كۆچى يېتىدىغان ۋە قىلىشقا قادىر بولالايدىغان بەزى ئىشلارنى تاپشۇرۇشى، خاتا كېتىپ قالسا، ئۇنى قايتىدىن قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى ئاندىن بۇنى قانداق قىلىشنى بىلدۈرۈشى كېرەك، بەزى ۋاقىتتا ئۇ ئىشنى قىلىشقىلا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئىشنى بىۋاستە قىلىشقا يۈزلەندۈرمەي، ئۆزى قېلىپ مېھرىبانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈش كېرەك، ئەگەر بالا بۇ ئىشنى قىلالمايدىغان بولسا، ئۇنىڭغا بۇ ئىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىشى كېرەك، بەزى ئىشلاردا بالىسىنىڭ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى تەلەپ قىلىش، ئىشنىڭ توغرىسىدىن خاتا تەرىپىنى بايان قىلىش كېرەك، بۇ ئارقىلىق بالا ھەممەيلەننىڭ خاتالىقىقا ۋە توغرا قىلىشقا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ ئىرادىسىنى كۈچلاندۇرىدۇ.

ـ ئاتا ـ ئانا پەرزەنتىنى ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى، دوست ـ بۇرادەرلىرى ئالدىدا رىغبەتلەندۈرۈشى، بەزى ئۇتۇقلىرىغا مۇناسىپ مۇكاپاتلارنى بېرىشى، نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش، قۇرئان ياد قىلىش، دەرستە يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشىش، ئەخلاق ـ پەزىلەتتە يۈكسىلىش دېگەن ئىبادەت ئىشلىرىنى كۈچەيتىشى لازىم.

ـ ئاتا ـ ئانا ئۇ پەرزەنتى ئۈچۈن باشقىلىرىدىن پەرقلىنىدىغان كۈنيەت قوللىنىش، ناچار لەقەم بىلەن ئاتىلىشتىن چەكلەش، ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويسا ئۇنى ئىسمى بىلەنلا چاقىرىش، ئاتا ـ ئانىنىڭ ياكى ئىككەيلەندىن بىرىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلمىسا بۇنى چۈشەندۈرۈش، باشقىلارنىڭ ھەققىدە خاتالاشسا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش كېرەك.

پەرزەنتنىڭ ئىرادىسىنى كۈچلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ئادەتلەندۈرۈش ئىككى تۈرلۈك ئىش بىلەن بولىدۇ، ئۇ ئىككى تۈرلۈك ئىش:

ئا ـ سىر ساقلاش، پەرزەنت سىرنى يوشۇرۇش، ئۇنى ئاشكارا قىلىپ قويماسلىقنى بىلگەندە، ئىرادىسى كۈچلىنىپ زىيادە بولىدۇ، ئاندىن ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسى كۈچىيىدۇ.

ب ـ روزا تۇتۇشقا كۆندۈرۈش، پەرزەنت روزا تۇتۇپ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇققا دۇچ كەلگەندە، نەپسى ئۈستىدىن غەلبە قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىغا قارىتا ئىرادىسى كۈچىيىدۇ، ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسى زىيادە بولىدۇ.

ـ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسى كۈچىيىش بىلەن جەمئىيەتكە بولغان ئىشەنچىسىمۇ ئاشىدۇ، بۇ ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ئادا قىلىش، ئاتا ـ ئانىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداش، چوڭلارنىڭ سورۇنلىرىغا ھازىر بولۇش، كىچىكلەر بىلەن بىرگە بولۇش يولى بىلەن بولىدۇ.

ـئۆزىگە بولغان ئىلمى ئىشەنچىسى كۈچلىنىدۇ، بۇ قۇرئان كەرىمنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى، كاتتىلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بولىدۇ، كېچىكىدە نۇرغۇن ئىلىمنى بىلگەن بولۇپ يېتىلىدۇ، ئۆزىگە بولغان ئىلمى ئىشەنچىسى كۈچلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ خۇراپات ۋە توقۇلمىلاردىن خالى بولغان ھەقىقى ئىلىمنى بىلگەن بولىدۇ.

ـبۇنىڭ قارشىسىدا، ئاتا ـئانىلارمۇ ساقلىنىش سەۋەبلىرىنى قىلىشى كېرەك، بالىنى كەمچىللىك تۇيغۇلىرىنىڭ كۆرۈنۈشىدىن ئازات قىلىش ئۈچۈن ئىلاج قىلىش ۋاستىلىرىنى قىلىشى لازىم، مۇشۇ كۆرۈنۈشكە سەۋەپ بولىدىغان ئامىللاردىن: كۆزگە ئىلماسلىق، ئاھانەت قىلىش، مەسخىرە قىلىش، بالىنى قېرىنداشلىرى، تۇغقانلىرى ئالدىدا سەت سۆزلەر ۋە ناچار سۆزلەر بىلەن چاقىرىش، بەزى ۋاقىتتا دوستلىرى ئالدىدا ياكى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان، بىرگە توپلانمىغان يات كىشىلەرنىڭ ئالدىدا سەت چاقىرشلار پەرزەنتنى ئۆزىنى ئېتىبارسىز، تۆۋەن كۆرىدىغان قىلىپ قويىدۇ، بۇنىڭدىن باشقىلارغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان، ھاياتنى ئۆچ كۆرۈپ، ئۆز ئىچىدىن پۇچۇلىنىپ ھاياتلىقتىن قاچىدىغان بىر خىل ھالەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

ئاتا ـئانىنىڭ ئېغىزىدىن پەرزەنتكە: چوڭ گۇناھ سادىر قىلغاننى تۈزۈتىش ئۈچۈن ياكى كىچىك گۇناھنى داۋام قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەدەپلەشتىن باشقىغا ئىشلىتىلمەيدىغان ناچار سۆز چىققاندا، بۇ خاتالىقنى تۈزىتىش ئۈچۈن پەرزەنتنىڭ ئەخلاقى يۆنىلىشىدە ۋە كۆڭلىدە خەتەرلىك ئۆچمەنلىك ئىزى قالدۇرىدىغان بۇنداق ۋاستىلارنى قوللىنىش توغرا بولمايدۇ، بۇ ئۇسلۇب پەرزەنتنى ئەخلاقنى، پسىخىكىسىنى ۋەيران قىلىدىغان تىل، دەشنام سۆزلىرى تەبئىتىگە ئورناپ كەتكەن بىر ئىنسان قىلىپ قويىدۇ.

بۇ كۆرۈنىشى داۋالاشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى: ئەگەر پەرزەنتتىن خاتالىق سادىر بولسا، سادىر قىلغان خاتالىقىغا مېھرىبانلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، بالىنى خاتالىقتىن يىراق بولىشىغا قانائەتلەندۈرىدىغان دەلىل ـھۆججەتلەرنى بايان قىلىپ بېرىش لازىم، ھەرگىزمۇ ئاتا ـئانا بالىنى سىلكىمەسلىك ياكى باشقىلارنىڭ ئالدىدا كايىماسلىق كېرەك.
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلاد تەربىيلەش ئۇسلۇبىغا ئەگىشىپ، بالىنى تۈزىتىش ۋە ئىسلاھ قىلىشنىڭ گۈزەل ئۇسسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك، بالىلار دۇنياسى بولسا تۇيغۇلىرى ئىنچىكە، تەسىر كۆرسىتىشى بەك تىز، ئىدراك قىلىشى ئاز، ھىيلە ـنەيرەڭلىرى يوق دىيەرلىك بولۇپ، بالىنى ئۆزىگە ئىشەنچ قىلىدىغان قىلىپ يېتىلدۈرۈش بالىنىڭ ھايات باسقۇچلىرىنىڭ ھەممىسىدىكى شەخسىيىتىنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ بىرىنچى ئاساسىدۇر.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.